

# ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخى

(1949 - 2012)

قەھرىمان خوجامبەردى

# ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخى

(1949 - 2012)

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

بۇ كىتاب شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 87 يىللىقى، شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 76 يىللىقىغا بېغىشلاندى.

قەھرىمان غوجامبەردى

# ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخى

(1949 - 2012)

سىلاۋيان يېزىقىدىن ئۇيغۇر يېزىقىغا ئاغدۇرغۇچى:
ئابدۇلجېلىل تۇران

تەھرىرلىرى:
ئابدۇلجېلىل تۇران
ئەلانۇر

2020 - يىلى ئۆكتەبىر بىرىنچى نەشرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى.
تەكلىماكان ئۇيغۇر كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ.
ئىستانبۇل - تۈركىيە

## قىسقارتىلما سۆزلەر

- ئا ق ش - ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى
- ب د ت، ب م ت - بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى
- پ ئى ك پ - پولتكول ئىنتىپاقلىق كوممۇنىستىك پارتىيە
- د ئۇ ق - دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى
- س س ر - سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكا
- ق س س ر - قازاق سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىسى
- ك پ س س - س س ر كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ رۇسچە قىسقارتىلغان نامى
- گېئو - جۇغراپىيە (گېئوسىياسەت - جۇغراپىيىلىك سىياسەت)

# مۇندەرجە


نەشرياتتىن ........................................ 15

كرش سۆز ........................................ 19

چۈشەندۈرۈش ........................................ 25

## برنچى قسم

**1 - باب: ئۇيغۇرستاننڭ قسقچە جۇغراپيەسى، چېگرالرى، تەۋەسى، نوپۇسى، تەبئىي بايلقلرى ۋە تارختكى دۆلەتلرى** ........................................ 31

1. جۇغراپيىلك ئورنى، چېگرالرى ........................................ 31
2. يەر تۈزۈلۈشى ۋە تاغلار ........................................ 32
3. نوپۇسى، مللتى ۋە ئۇنڭ تارقلشى ........................................ 33
4. دەريالرى ۋە كۆللرى ........................................ 35
5. كلماتى ........................................ 37
6. تەبئىي بايلقلرى ........................................ 38
7. هايۋاناتلرى ۋە ئۆسۈملۈكلرى ........................................ 40
8. كان بايلقلرى ........................................ 41
9. ئۇيغۇرلارنڭ تارختكى دۆلەتلرى ........................................ 42

**2 - باب: ختايننڭ ئۇيغۇرستاندكى پارتيەۋى، مەمۇري، سياسي ۋە هەربيلەشتۈرۈلگەن مۇستەملكە هاكميەت سستېملرى** ........................................ 49

برنچى: ختاي كوممۇنست پارتيەسى مەركزى كومتېتننڭ ئۇيغۇرستاندكى پارتيەۋى ئورگانلرى ........................................ 49

ختاي كوممۇنست پارتيەسى مەركزى كومتېتننڭ تۆت دەرجلك ئورگانلرى ........................................ 50

1. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ختاي كوممۇنست پارتيەسى پارتيە كومتېتى ........................................ 50

2. ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە ئۇلارغا تەڭ دەرىجىلىك شەھەرلەردىكى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى پارتكوملىرى ........ 51

3. ناھىيىلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك، رايونلۇق، شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق ۋە ئۇلارغا تەڭ دەرىجىلىك خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى پارتكوملىرى ........ 52

4. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى (ياچېيكىلىرى) ........ 52

ئىككىنچى: ئۇيغۇرىستاننىڭ مەمۇرىي بۆلۈنۈشى ۋە خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى تۆت دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلىرى ........ 53

1. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى تۆت دەرىجىلىك مەمۇرىي سىستېمىسى ........ 53

2. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇ ئا ر تەركىبىدىكى تۆت دەرىجىلىك ئىجرائىيە ئورگانلىرى ........ 56

ئۈچىنچى: خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى تۆت دەرىجىلىك ئاتالمىش ۋەكىللىك ھۆكۈمەتلىرى، يەنى خەلق قۇرۇلتايلىرى ........ 60

1. خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى تۆت دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ........ 60

2. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ماھىيىتى ........ 62

تۆتىنچى: خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى قانۇندىن سىرت سىياسى، ھەربىي ئىجرائىيە باشقۇرۇش ئورگانلىرى ........ 64

1. ئۇ ئا ر لۇق خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ........ 64

2. ئۇ ئا ر دىكى خىتاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ........ 66

**3 - باب: ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى (1944 - 1949) ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا قەتلى قىلىنىشى** ........ 69

1. 1944 - 1949 - يىللاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە ماھىيىتى ........ 69

2. ستالىن ۋە ماۋنىڭ مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈشى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى غۇلجىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەم خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ تېررورلۇق - جاسۇسلۇق خىزمەت خادىملىرىنىڭ كېلىشى ........ 71

3. ماۋ زېدوڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرىنى غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن سىياسىي نەيرەڭلىرى ........ 76

4. ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا قەتلى قىلىنىشى ........ 81

## ئىككىنچى قىسىم

**1 - باب: خىتاي كومپارتىيەسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي يۈرۈش قىلىش ئالدىدىكى سىياسىي نەيرەڭۋازلىقلىرى ........ 99**

**2 - باب: خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا بېسىپ كىرىشى ۋە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ پارتىيىۋى، ھەربىي - مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ........ 115**

1. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئاتالمىش خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىش جەريانى. ........ 115

2. ئۇيغۇرىستاندا كوممۇنىست خىتاينىڭ پارتىيەۋى، ھەربىي - مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ........ 120

**3 - باب: شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيەسىنىڭ يوقىتىلىشى ۋە بىڭتۇەنىنىڭ قۇرۇلۇشى. خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇنجى قوزغىلاڭ ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش» ھەرىكىتى ........ 129**

1. مىللىي ئارمىيەنىڭ يوقىتىلىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ قۇرۇلۇشى ........ 129

2. خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى تۇنجى قوزغىلاڭلار ۋە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئاتالمىش «ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش» ھەرىكىتى ........ 137

1950 - 1952 - يىللىرى يۈز بەرگەن ئازادلىق قوزغىلاڭلىرىدىن مىساللار ........ 139

**4 - باب: خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق شەرتنامە. شىمالى كورىيە (چاۋشيەن) ئۇرۇشى ۋە خىتاينىڭ تىبەتنى ئىشغال قىلىشى ھەم ئۇنىڭ ئۇيغۇرىستان ئۈچۈن بولغان ئاقىۋىتى ........ 147**

1. سوۋېت - خىتاي دوستلۇق شەرتنامىسى ........ 147

2. شىمالىي كورىيە (چاۋشيەن) ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن ئاقىۋىتى ........ 155

3. خىتاينىڭ تىبەتنى ئىشغال قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ........ 159

**5 - باب: ئەللىك بىرلەر قۇرۇلتىيى ۋە كوممۇنىست خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستاننى ئۆزىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇش بويىچە سىياسىي، تەشكىلىي - مەمۇرىي، ئىجتىمائىي**

چارە -تەدبىرلىرى ........................................................ 163

1. 1951 - يىلىدىكى «ئەللىك بىرلەر قۇرۇلتىيى». ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ئۈچۈن مىللىي، سىياسىي ھەرىكەتنىڭ يۈكسىلىشى ۋە تەقىبلەشلەر ........................................................ 165

2. خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستاننى ئۆزىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇش بويىچە سىياسىي، تەشكىلىي - مەمۇرىي، ئىجتىمائىي چارە - تەدبىرلىرى ........................................................ 173

3. يەر ئىسلاھاتى دائىرىسىدا خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى يېزىلارنى خىتايچە سوتسىيالىزمغا ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ھەرىكىتى ........................................................ 180


## ئۈچىنچى قىسىم

**1. باب: كوممۇنىست خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستاندا دېھقانلارنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈشتىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەقسەتلىرى** ........................................................ 189

**2. باب: خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى، مەزمۇنى ۋە ئۆزگىرىش جەريانلىرى** ........................................................ 195

2.1. ماۋ زېدۇڭ ۋە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى ساختىلىق نەزەرىيەسى ھەم ئۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ ئۆزگىرىشى ........................................................ 196

**3. ئۇيغۇرىستاندا ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيەلەرنى بەرپا قىلىش جەريانلىرى** ........................................................ 211

**4. باب: ئۇيغۇرىستاندا ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇش ۋە خىتاي سوتسىيالىزمىنى تىكلەش جەريانلىرى** ........................................................ 223

**5. باب: 1954 - 1956 - يىللىرى يۈز بەرگەن، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ۋە تەسىرى چوڭ قوراللىق مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى** ........................................................ 239


## تۆتىنچى قىسىم

**1 - باب: خىتايدا ئەۋج ئالغان «پارتىيەدىكى ئىستىل تۈزىتىش» ۋە «ئوڭچى بۇرژۇئازىيە ئۇنسۇرلىرىغا قارشى تۇرۇش» سىياسىي ھەرىكەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى غەرەزلىرى، جەريانلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى** ........................................................ 247

1. كومپارتىيەنىڭ 8 - قۇرۇلتىيىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي كۆرەشلەر ........................................................ 247

2. ماۋ زېدۇڭ ۋە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى»نى يولغا قويۇشى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى مەقسىتى،

جەرياني ۋە ئاقىۋەتلىرى ........................................ 251

3. ماۋ زېدۇڭ ۋە كومپارتىيەنىڭ «ئۇچىنچى بۇرژۇئازىيە ئۇنسۇرلىرىغا قارشى كۈرىشىش» ھەرىكىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى مەقسىتى، جەرياني ۋە ئاقىۋىتى ........................................ 262

**2 - باب: خىتايچە سوتسىيالىزم (ماۋىزم) ۋە ئۇيغۇرىستاندىكى «ئۈچ قىزىل بايراق» («چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «باش يول»، «خەلق كوممۇنىلىرى») تەۋەككۇلچىلىك سىياسىتىنىڭ بەزىبىر تەرەپلىرى.** ........................................ 275

1. ماۋ زېدۇڭنىڭ خىتايلاشتۇرۇلغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيىلىك سوتسىيالىستىك ئىدىيىسىنىڭ خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىدە ئۇستۇن چىقىشى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىيلىشىش جەرياني. ........................................ 275

2. ماۋ ۋە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «خەلق كوممۇنىلىرى» تەۋەككۇلچىلىك سىياسىتىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى بەزىبىر تەرەپلىرى، ماھىيىتى ۋە ئاقىۋەتلىرى ........................................ 279

**3 - باب: ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەرنىڭ خىتاينىڭ: «ئىستىل تۈزىتىش»، «ئۇچىنچى بۇرژۇئازىيە ئۇنسۇرلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىش» ۋە «ئۈچ قىزىل بايراق» سىياسىي تەقىبلەش ھەرىكەتلىرىگە قارشى كۈرىشى** ........................................ 289

1. ئۇيغۇرىستاندا 1957 - 1960 - يىللىرى ماۋ ۋە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئېلىپ بارغان قارام، سولچىل ۋە تەقىبلەش سىياسىتىگە قارشى ئازادلىق كۈرەشىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ........................................ 289

2. 1957 - 1959 - يىللىرى يۈز بەرگەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قارشى قوراللىق مىللىي ئازادلىق قوزغىلاڭلىرىدىن مىساللار ........................................ 296

**4 - باب: تىبەتلىكلەرنىڭ 1959 - يىلقى قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە دالاي لامانىڭ ھىندىستانغا چېقىپ كېتىشى. خىتاينىڭ ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى** ........................................ 301

1. تىبەتلىكلەرنىڭ 1959 - يىلى 10 - مارتتىكى قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ جەرياني ۋە دالاي لامانىڭ ھەم تىبەتلىكلەرنىڭ ھىندىستاندا سىياسىي پاناھ تېپىشى. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرىستانغا بولغان تەسىرى ........................................ 301

2. 1962 - يىلى 8 - سىنتەبىردە خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ھىندىستانغا بېسىپ كىرىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرىستانغا بولغان تەسىرى ........................................ 303

## بەشىنچى قىسىم

**1 - باب: خىتاي كومپارتىيەسىدىكى زىددىيەتلەر ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى**

تەسرلىرى ........................................................................ 309
1. ختاي كومموُنست پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ، هوقۇق تالىشىشىنىڭ ئەۋج ئېلىش جەريانلىرى ........................................ 309
2. ختاي كومپارتىيەسىدىكى ئىدىيەۋىي ۋە گۇرۇھىي كۈرەشلەرنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى سەلبىي تەسرلىرى ........................................ 319
**2 - باب: كوممۇنست ختاي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كرىزىسى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى تەسرلىرى ۋە 1962 - يىلى 29 - مايدىكى غۇلجا پاجىئەسى. ........ 331**
1. ئىككى ئىتتىپاقداش، دىكتاتورلۇق قىزىل ئىمپېرىيەلەرنىڭ، يەنى ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋەتلىرى كرىزىسىنىڭ جەريانلىرى ........ 331
2. 1962 - يىلى 29 - مايدىكى غۇلجا قانلىق ۋەقەسى ۋە ئۇيغۇرلار، قازاقلار ھەم باشقا يەرلىك خەلقلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاممۋى تۈردە قېچىشى ........ 345
3. ئۇيغۇرىستانلىقلارنىڭ 1960 - يىللىرىنىڭ بېشىدا ختاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ مىللىي تەقىبلەش سياسىتىگە قارشى قوراللىق ۋە قوراللىسىز ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ........................................ 367
4. لوپنۇر يادرو سىنىقى ۋە ئۇنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرى ........................................ 369

## ئالتىنچى قىسم

**1 - باب: ختاينىڭ ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» (1966 - يىلى مايدىن 1976 - يىلى ئۆكتەبىرغىچە). ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى، ماھىيىتى، جەريانى ھەمدە ئۇيغۇرىستاندىكى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تەسرلىرى ........................................ 385**
1. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ۋە مەقسىتى ........ 385
2. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ بىرىنچى باسقۇچى (1966 - يىل مايدىن 1969 - يىل ئاپرېلغىچە) - خۇڭۋېيبىڭلەر تېررورىنىڭ پائال ئەۋج ئېلىش دەۋرى ........ 393
3. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئىككىنچى باسقۇچى (1969 - يىلى مايدىن 1973 - يىلىنىڭ ئاۋغۇستىغىچە) - ئەڭ ئەسەبىي كۆرسەتمىلەرنى تەكشەش دەۋرى ........ 403
4. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى (1973 - يىل سىنتەبىردىن 1976 - يىل ئۆكتەبىرغىچە)، يەنى ختاي كوممۇنىست پارتىيەسى IX قۇرۇلتىيىدىن ماۋنىڭ رەپىقىسى جياڭ چىڭ باشچىلىقىدىكى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغىچە بولغان دەۋر ........................................ 410
**2 - باب: ئۇيغۇرىستان (ئۇ ئا ر)دا ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بوران - چاپقۇنلۇق**

دەۋرى ۋە ئۇنىڭ تەسىرلىرى ........ 423

1. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى مەقسەتلىرى ۋە كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ........ 423

2. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ بىرىنچى باسقۇچى (1966 - يىل مايدىن 1969 - يىل ئاپرېل ئېيىغىچە) - قىزىل قوغدىغۇچىلار تېررورىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ ۋەيرانچىلىق دەۋرى. 3 - سىنتەبىر قانلىق ۋەقەسى ........ 428

3. ئىككىنچى باسقۇچ (1969 - يىلى مايدىن 1973 - يىلنىڭ ئاۋغۇستىغىچە) - ئەڭ ئەسەبىيلىك يولىيورۇقلارنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش دەۋرى ........ 457

4. ئۈچىنچى باسقۇچ (1973 - يىل سىنتەبىردىن 1976 - يىل ئۆكتەبىرغىچە) يەنى ختاي كوممۇنىست پارتىيەسى X قۇرۇلتىيىدىن جياڭ چىڭ باشچىلىقىدىكى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دەپ ئاتالمىشنى تارمار قىلغىچە ۋە «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن، سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش» ھەرىكىتى دەۋرى ........ 464

5. ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، داجەيدىن ۋە داچىڭدىن ئۆگىنىش، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى پاش قىلىش ھەرىكەتلىرىنى توغرىلاش جەريانى ........ 469

1) مەدەنىي يادىكارلىقلارنى كۆيدۈرۈش ........ 473

2) ختاينىڭ ئۇيغۇر يېزىقى ئۈستىدىكى سىناقلىرى ........ 475

**3 - باب: «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدىكى ختاي - سوۋېت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كەسكىن ناچارلىشىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە بولغان تەسىرى** ........ 483

1. ختاي - سوۋېت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كەسكىن ناچارلىشىشى ۋە 1969 - يىلقى چېگرادىكى توقۇنۇشلار ........ 483

2. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ باشلىنىشى ........ 492

3. موسكۋانىڭ «ئۇيغۇر قارتىسى» ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرىستان ئازادلىق ھەرىكىتى ........ 498

4. 1962 - 1970 - يىللار دەۋرىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى ........ 515

1) خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى تارىخىغا بىر نەزەر ........ 515

2) يېڭى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پائالىيەتلىرى ........ 519

4 - باب: ئۇيغۇرستانلىقلارنىڭ 1965 - 1976- يىللىرى ماۋ ۋە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدىكى قورالىق ۋە تىنچلىق ئازادلىق ھەرىكەتلىرى........................................................ 541

## يەتتىنچى قىسىم

1 - باب: كومپارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسىتىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا قوللانغان ئىدېئولوگىيىلىك ۋە تەشكىلىي چارە - تەدبىرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرستاندىكى تەسىرلىرى........................................................ 553

1. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 1977 - يىلى چاقىرىلغان XI قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978 - يىلى ئۆتكۈزگەن 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ماھىيىتى........................................................ 553

2. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ماھىيىتى........................................................ 557

3. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ جەريانى ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشتىكى بەزىبىر ئالاھىدىلىكلەر. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ XII - XIII قۇرۇلتايلىرى........................................................ 560

2 - باب: خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ خىتاينىڭ سىياسىي سىستېمىسىنى يۈزە ئۆزگەرتىش جەريانىدا قوللانغان ئۇسۇللىرىنىڭ بەزىبىر ئالاھىدىلىكلىرى........................................................ 567

1. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق قۇرۇلتايلىرى قوبۇل قىلغان نۆۋەتتىكى ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ (1978 ۋە 1982 - يىللىرى) ماھىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى........................................................ 567

2. خىتاي سوتسىيالىزمىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئالىي دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى سىستېمىسىنىڭ نېگىزى ھەم ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرستاندىكى ماھىيىتى........................................................ 572

3 - باب: ئۇيغۇرستاندىكى ئىقتىسادىي زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنىڭ ۋە سىياسىي سىستېمىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەم تەسىرلىرى. خىتايلارنى ئۇيغۇرستانغا ئاممىۋى كۆچۈرۈشنىڭ جەريانى........................................................ 579

1. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇيغۇرستاندىكى ئىقتىسادىي زامانىۋىلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تەسىرلىرى........................................................ 579

2. «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» دەۋرىدە ئۇيغۇرستاندىكى مۇستەملىكىچى سىياسىي ۋە مەمۇرىي ھاكىمىيەت سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ۋە

تەسىرلىرى ........................................................ 595
2.1. خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى ساختا ۋەكىللىك ئورگانلىرى - خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قىسقا تارىخى، فۇنكسىيەسى ۋە ئىستىلاچى ماھىيىتى ........ 595
2.2. كوممۇنىست خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى قورچاق ئىجرائىي ئورگانلىرى - خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قىسقا تارىخى، فۇنكسىيەسى ۋە ئىستىلاچى ماھىيىتى ....... 607
**4 - باب: «تۆتىنچى زامانىۋىلاشتۇرۇش» دەۋردە ئۇيغۇرىستاندا دېموكراتىيە، ئىنسان ھوقۇقى ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن بولغان سىياسىي كۆرەشنىڭ ياشلار ھەرىكىتىدە راۋاجلىنىشى ۋە 1985 - يىلى 12 - دېكابىر ئۈرۈمچى ئوقۇغۇچىلار نامايىشى** ........ 619
2. 1980 - 1983 - يىللىرى خىتاينىڭ مۇستەملىكچى سىياسىتىگە قارشى بولغان قانۇنى، دېموكراتىك مىللىي ئازادلىق نامايىشلار ۋە قوزغىلاڭلار ........ 621
3. ئۈرۈمچى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 1985 - يىلى 12 - دېكابىر ۋە 1988 - يىلى 15 - ئىيۇن نارازىلىق نامايىشلىرى - مۇستەملىكچى تۈزۈمگە قارشى ئازادلىقنى نىشان قىلغان دېموكراتىك ئىجتىمائىي - سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ جەريانى، تەسىرى ۋە ئەھمىيىتى ........ 627
3.1. ئۈرۈمچى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ماھىيىتى ........ 627
3.2. ئۈرۈمچى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 1985 - يىلى 12 - دېكابىر كۈندىكى مۇستەملىكچى تۈزۈمگە قارشى دېموكراتىك، تىنچلىق نارازىلىق نامايىشى ۋە خىتاي ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان مۇزاكىرىلەر جەريانى ........ 633
3.3. ئوقۇغۇچىلارنىڭ 1985 - يىلى 12 - دېكابىر كۈنى خىتاي مۇستەملىكىسىگە قارشى تەشكىللىگەن دېموكراتىك نارازىلىق نامايىشىنىڭ تەسىرى ۋە ئەھمىيىتى ... 647
3.4. ئۈرۈمچى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 1988 - يىلى 15 - ئىيۇن كۈندىكى مۇستەملىكچى تۈزۈمگە قارشى نارازىلىق نامايىشى، ئۇنىڭ جەريانى، تەسىرى ۋە ئەھمىيىتى ........ 652
4. تۇرغۇن ئالماس - زامانىۋى ئۇيغۇر مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك ئاساسىنى سالغۇچى ........ 659

## سەككىزىنچى قىسىم

**1 - باب: 1989 - يىلقى بېيجىڭ ياشلىرىنىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى ئاممىۋى نامايىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە بولغان تەسىرى** ........ 671

1. 1989 - يىلقى بېيجىڭ ياشلىرىنىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى نامايىشلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، جەريانى، ماھىيىتى ۋە ئەھمىيىتى ........ 671

1.1. 1989 - يىلقى تيەنئەنمېندىكى ۋەقەلەرنىڭ ساۋاقلىرى ........ 691

2. بېيجىڭ ياشلىرىنىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى نامايىشلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە بولغان تەسىرى ........ 693

**2 - باب: ختاي كوممۇنىست پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە ئىسلاھاتنى تۈزەش داۋامىدا باشلانغان ختاينىڭ ئۇيغۇرىستانغا نىسبەتەن «غەربىي رايوننى ئېچىش» سىياسىتىنىڭ يوشۇرۇن ماھىيىتى ........ 695**

1. 1990 - يىللاردىكى يېڭى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ختاينىڭ ئىچكى، تاشقى سىياسىتىنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماسلىشىشى ۋە قارشى تۇرۇشى ........ 695

2. ختاي كوممۇنىست پارتىيەسى باش كاتىپى جياڭ زېمىننىڭ «غەربىي رايوننى ئېچىش» ئىستراتېگىيىلىك پروگراممىسىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى مۇستەملىكە ماھىيىتى ........ 702

**3 - باب: ختاينىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى رەھىمسىز مۇستەملىكە سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى ۋە يەرلىك خەلقلەر ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى مەجبۇرىي ختايلاشتۇرۇشنىڭ تېزلىتىلىشى ........ 713**

1. ختاي كوممۇنىست پارتىيەسى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 1996 - يىلقى «7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى» _ ختاينىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى مۇستەملىكە سىياسىتىنىڭ يېڭى باسقۇچى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى ........ 713

2. ئۇيغۇرىستانغا خەنزۇلارنى ئىچكى ئۆلكىلەردىن كۆچۈرۈشنىڭ يېڭى مۇستەملىكىچى سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى ........ 730

3. نوپۇس ۋە تۇغۇتنى پىلانلاش ياكى ئۇيغۇرىستاندىكى ختاينىڭ تۇغۇتنى چەكلەش سىستېمىسى. ئۇنىڭ ماھىيىتى، ئەمەلىيىتى ۋە مەقستى ........ 740

4. ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى «قوش تىللىق مائارىپ» سىياسىتى - ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا تۈركىي، موڭغۇل تىللارنى ختايلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى ........ 757

**4 - باب: زامانىۋى ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى (1990 - 2008 - يىللار) ........ 777**

1. بارىن مىللىي مۇستەقىللىق قوزغىلىڭى. جەنۇبىي ئۇيغۇرىستان ياشلىرىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ كېلىپ چىقىشى، جەريانى ۋە ماھىيىتى ........ 777

1.1 بارىن مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكىلىك رول

ئوينىغان ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللار.................777

1.2 شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى. بارىن ياشلىرىنىڭ قوراللىق ئازادلىق قوزغىلىڭىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە جەريانى.................781

1.3 خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى تىنچ يول بىلەن نارازىلىق بىلدۈرۈش ھەرىكىتىگە ۋە ئازادلىق قوزغىلاڭغا قارشى قوللانغان رەھىمسىز قوراللىق باستۇرۇش چارە - تەدبىرلىرى.................798

1.4 بارىن مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى.................808

2. ئىلى ياشلىرىنىڭ دېموكراتىك مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى- 1997 - يىلىدىكى «5 - فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى» ۋە ئۇنىڭ زور سىياسىي تەسىرى.................809

2.1 . xx ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىكى خىتاينىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ بەزىبىر يېڭى خۇنپەرلىك تەرەپلىرى.................809

2.2 . يېڭى ۋەزىيەتتىكى يېڭى ئۇسۇل: ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيىتى.................817

2.3 .ئىلى مەشرەپىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى. 5 - فېۋرال غۇلجا ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى821

2.4. 1997 - يىلقى 5 - فېۋرال غۇلجا ياشلىرىنىڭ تىنچلىق، دېموكراتىك نارازىلىق نامايىشى ۋە ئۇنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوراللىق باستۇرۇشى.................832


## توققۇزىنچى قىسىم


**1 - باب: كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى يەرلىك خەلق ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى مەجبۇرىي خىتايلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش سىياسىتىدىكى جەبىر - زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتىدىن يۈز بەرگەن شاۋگۇەن ئېرقىي قىرغىنچىلىقى.................867**

1.1 ..........2009

- يىلقى 26 - ئىيۇن كۈنى شاۋگۇەندە ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئېتىنىك خىتايلارنىڭ ئۇر - چاپ قىلىشىنىڭ كېلىپ چىقىشى، خاراكتېرى ۋە ماھىيىتى .................867

1.2. شاۋگۇەن قىرغىنچىلىقىنىڭ 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى تىنچلىق نارازىلىق نامايىشىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تۈرتكىلىك رولى.................874

**2 - باب: 2009 - يىلقى 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى ياشلىرىنىڭ تىنچلىق نامايىشىنىڭ جەريانى ۋە ماھىيىتى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق نامايىشىنى قانلىق قىرغىنچىلىققا ئايلاندۇرۇش جەريانىدىكى سىياسىي ئەپسانىلىرى، نەيرەڭلىرى ۋە زوراۋانلىق جىنايەتلىرى.................879**

5 .2 .1 - ئىيۇل ئۈرۈمچى ياشلىرىنىڭ تىنچلىق نارازىلىق نامايىشىنىڭ جەريانى، خاراكتېرى ۋە ماھىيىتى ..................................... 879
2 .2. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ۋە ئۇ ئا ر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ، جامائەت خەۋپسىزلىك ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ تىنچلىق نامايىشنى مەقسەتلىك قانلىق قىرغىنچىلىققا ئايلاندۇرۇش جەريانىدىكى سىياسىي ئەپسانىلىرى، ھىيلە - مىكىرلىرى ۋە زوراۋانلىق جىنايەتلىرى ......... 884
2.2 (ئا). ئۈرۈمچى شەھىرىدە 2009 - يىلى سىنتەبىر ئېيىدا يۈز بەرگەن «كوچىدا ئوكۇل سېلىش ياكى يىڭنە سانچىش ۋەقەلىرى»نىڭ ماھىيىتى......... 915
2.3 .2009 - يىلقى 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى نارازىلىق نامايىشىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدىكى ئورنى.................................. 918
2.4. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك خەلقنى سوت ئېچىپ ۋە سوتسىز، رەھىمسىز قاتتىق جازالاشلىرىنىڭ بەزىبىر مەلۇماتلىرى................................................. 927
2.4 .A). ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مىللىي ۋەتەنپەرۋەرلەر تىزىملىكى................. 931
2.4 .B). خىتاي سوتلىرىنىڭ قانۇنسىز ھۆكۈملىرى بىلەن تۈرمە جازاسى بېرىلگەن زىيالىيلار، مۇخبىرلار، ئۇيغۇر ئىنتېرنېت تور بېكەتلىرىنى قۇرغۇچى ۋە باشقۇرغۇچىلار ......................................................... 934
2.4 .C). 2009 - يىلى 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدا ۋە كېيىن ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغانلار پاجىئەسى ............................................ 938
ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغانلارنىڭ ئېنىقلانغان قىسقىچە تىزىملىكى......... 939
2.4 .پ). خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى مەخپىي سېتىش قىلمىشلىرى ............ 944
**3 - باب: ئۇيغۇرىستاندا خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىگە قارشى نارازىلىق نامايىشلارنىڭ ۋە ھەر خىل قوزغىلاڭلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى** ........................................ 949
3.1 .2009 - يىلقى 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىنكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ بەزىبىر يېڭى تەدبىرلىرى ۋە ئۇيغۇر تىنچلىق مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ......................................... 949
3.2 .ئۇيغۇرىستاندا يۈز بېرىۋاتقان نارازىلىق نامايىشلارنىڭ ۋە ھەر خىل قوزغىلاڭلارنىڭ كېلىپچىقىش سەۋەبلىرى.............................................. 953
خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى چوڭ خەنزۇچىلىق، ئاسسىملىياتسىيىلىك

مۇستەملىكىچى سىياسىي ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋەتلىرى.......................................................954
2) ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ - ئادىتى بويىچە تەقىبلەشلەر ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى.......................................................960
3) تۇغۇتنى چەكلەش سىياستى ياكى ئاتالمىش «پىلانلىق تۇغۇت» سىياستى دائىرىسىدىكى تەقىبلەشلەر ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى.......................................................963
خۇلاسە.......................................................979

## نەشرىياتتىن

پىشقەدەم سىياسىي ئەرباب قەھرىمان غوجامبەردى 1945 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتى قەينەزەر يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى ھېمىت سۇنۇقچى غوجامبەردى (1901 — 1988 - يىللار). ئانىسى مۆھتەرەمخان رەجەپ (1910 - 1998 - يىللار). چوڭ بوۋىسى توختىنىياز خوجامبەردى سادىر پالۋان باشلىغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئون بېشى بولغان. قەھرىمان غوجامبەردىنىڭ ئاتا - ئانىلىرى 1881 - يىلقى رۇسىيە - خىتاي كېلىشىمىگە ئاساسەن غۇلجىدىن قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتىگە كۆچۈپ كېلىپ ئويمانبايتوقاي كەنتىنى (ھازىرقى تاشتىقارا يېزىسى) قۇرۇپ ئولتۇراقلاشقان.

قەھرىمان غوجامبەردى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 1963 - يىلى قازاق ئوتتۇرا مەكتىپىنى، 1968 - يىلى تاشكەنتتىكى ئالىي ئەسكەر قوماندانلىق ھەربىي يۇرتىنى، 1974 - يىلى موسكۋادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كوماندىر ئوفىتسېرلارنىڭ ئالىي كۇرسىنى، 1977 - يىلى موسكۋادىكى سوۋېت ئارمىيەسى باش شتابىنىڭ شتاب ئوفىتسېرلىرىنىڭ بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كۇرسىنى ھەمدە 1981 - يىلى ئالىي جەمئىيەتشۇناس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كەچلىك كۇرسىنى تاماملىغان.

قەھرىمان غوجامبەردى 1968 - 1990 - يىللىرى پەيدىنپەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، زابايكالىئې، پرىكارپاتىئې ھەربىي رايونلىرىدا موتوئاتقۇچىلار ۋزۋودى، روتىسى، باتالىئون كوماندىرى، تانك دىۋىزىيەسى ئوپېراتىپ بۆلۈم باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى، چوڭ ياردەمچىسى، پولك شتابىنىڭ باشلىقى، تانك دىۋىزىيەسى ئوپېراتىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، دىۋىزىيە شتاب باشلىقىنىڭ مۇئاۋىنى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1991 - يىلىنىڭ بېشىدا پولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن دەم ئېلىشقا چىققان.

1991 - 1993 - يىللىرى ئالمۇتىدا قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ

ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا تەتقىقاتچى، ئىلمىي خادىم بولۇپ ئىشلىگەن.

1992 - 1998 - يىللىرى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستاندىكى جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرى بىرلىشىپ قۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ جۇمھۇرىيەتلەرئارا ئىتتىپاقى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى، 1992 - يىلى شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، 2004 - يىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى. 2006 - ، 2009 - ، 2012 - ، 2015 - يىللىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رۇسىيە بويىچە ۋەكىلى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە سايلانغان ۋە 2017 - يىلدىن بۇيان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولۇپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەشكىللىگەن بارلىق پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلىپ كەلمەكتە.

قەھرىمان غوجامبەردىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە ساھەلىرىگە ئائىت 250 پارچىدىن تىن ئارتۇق ماقالىسى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، رۇس، ئىنگلىز ۋە باشقا تىللاردا نەشر قىلىنغان. ئۇ يەنە 2001 - يىلى رۇسچە «ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ ئوبيېكتىدا»، 2008 - يىلى رۇسچە «ئۇيغۇرلار (قەدىمكى زامانلاردىن ھازىرقى كۈنلەرگىچە بولغان ئېتنوسىياسىي تارىخ)»، (بۇ كىتاپ 2009 - يىلى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىندى)، 2010 - يىلى رۇسچە «2009 - يىلى 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى قانلىق تراگېدىيەسى»، 2010 - يىلى «ماقالىلەر» ناملىق كىتاب، 2013 - يىلى «كوممۇنىستىك خىتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوسىياسىي تارىخى»، 2015 - يىلى «ماقالىلەر» ناملىق كىتابىنىڭ 2 - تومى نەشر قىلىنغان.

شۇنداقلا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق رەئىسى رابىيە قادىر خانىمغا بېغىشلانغان ئىككى كىتابچە، 2012 - ۋە 2015 - يىللىرى ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتايلىرىغا، ئاياللار كۇرسىغا، ئەدىب تۇرغۇن ئالماسقا، سىياسىيون ئەخمەتجان قاسىمغا بېغىشلانغان كىتابچىلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان.

2010 - يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر، قازاق، رۇس تىللىرىدا «ئاخباراتنامە» ناملىق ئانالىزلىق ۋاراقچە يېزىپ، ۋاراقچە سۈپىتىدە ۋە تور، ۋاتساپ ئارقىلىق تارقىتىپ كېلىۋاتىدۇ.

قولغىزلاردىكى مەزكۇر كىتاب ئاپتورنىڭ 2013 ـ يىلى ئالمۇتادا سىلاۋىيان يېزىقىدا نەشر قىلىنغان «كوممۇنىستىك خىتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوسىياسىي تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نەشرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەزكۇر كىتابنى نەشر قىلىپ تارقىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن سەمەرلىك ۋە ئاكتىپ سىياسىي پائالىيەتچى قەھرىمان غوجامبەردىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە مۇۋەپپەقىيەت، ئۆمرىگە بەرىكەت، تېنىگە سىھھەت ۋە سالامەتلىك تىلەيدۇ.

ـ تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

# كىرىش سۆز

مەزكۇر ئەسەردە 1949 - 2012 - يىللار ئارىلىقىدىكى ئۇيغۇرىستاننى (شەرقىي تۈركىستاننى، ئۇيغۇرىيەنى، ھازىرقى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى)، مۇستەبىت كوممۇنىست خىتاي سىياسىي تۈزۈمىنىڭ يېڭى مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش جەريانىنىڭ تارىخى، مەركەزنىڭ ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە مەجبۇرىي يۈرگۈزگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي تەقىبلەش ھەرىكەتلىرى ۋە مىللەتچىلىرىنىڭ موشۇ دەۋردە كوممۇنىست ئىستىلاچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرى، ئايرىم - ئايرىم مۇپەسسەل تەھلىل ۋە ئانالىز قىلىنىدۇ. بۇ كىتابتا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ 63 يىلدىن بۇيان خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ قول ئاستىدا ياشاپ كەلگەن مۇستەملىكە دەۋرى، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى زامان مىللىي سىياسىي تارىخى سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ، دەۋرلەرگە بۆلۈنۈپ تەھلىل قىلىنىدۇ. ئومۇمەن كىتاب، ھازىرقى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي ئايرىلىشى، جۇغراپىيىلىك ۋە ئىستىراتېگىيىلىك سىياسىي ئورنى، تەبىئىي بايلىقلىرى، نوپۇسى، مەمۇرىي ئورگانلىرى، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلىرى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»، «قوش تىللىق مائارىپى»، خىتاي كۆچمەنلىرى، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى، بىڭتۇەن، «غەربىي رايوننى ئېچىش» سىياسىتى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخى، مەدەنىيىتى، مائارىپى، دىنى، ئىقتىسادى ۋە 63 يىل جەريانىدا ئېلىپ بارغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى قاتارلىق ئاساسلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنىمۇ ئىزاھلاش كېرەككى، موشۇ دەۋر ئىچىدە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تارىخچىلىرىغا، تىلشۇناسلىرىغا ۋە باشقا ساھە ئالىملىرىغا ھەممە جەھەتتىن قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ كەلدى. ھەمدە ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك خەلق ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ يېزىلغان يەرلىك تارىخ، تىل،

مەدەنىيەت، مائارىپ، سەنئەت، ئەدەبىيات، مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتكە ئائىت ئەسەرلەرنى، ھەر خىل ئوبيېكتىپ ئىسپاتلارنى، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەت قىلىش، ئاپتورلارنى ئاساسسىز تەنقىدلەش ۋە جازالاش ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھەتتا، ۋىجدانى ئاجىزراقلىرىنى سېتىۋېلىش ياكى بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنى يالغان تارىخ ۋە باشقا مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى يېزىشقا ھەم ئوبيېكتىپ كۆز قاراشتا يازغانلارنى تەنقىدلەشكە مەجبۇرلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەققانىي تارىخى، مەدەنىيىتى، مائارىپى ۋە دىنىي ساھەلىرىگە ئائىت مىللىي ئەسەرلەرنىڭ نەشىر قىلىنىشىغا قاتتىق چەكلىمە قويۇلدى. شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر نەشرىياتلىرىنى كوممۇنىست خىتايلار يازغان، ئۇلارنىڭ سىياسىي مەنپەئىتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بۇرمىلانغان تارىخ ۋە باشقا ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ نەشىر قىلىشقا مەجبۇرلىدى. شۇنداقلا 2005 - يىلىدىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇتمىسى بىلەن 30 دىن ئارتۇق خىتاي ئالىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى قايتىدىن يېزىپ چىقتى. 2012 - يىلى نەشىر قىلىنغان مەزكۇر كۆپ توملۇق ئەسەر، ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھەقىقەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ساختىلاشتۇرۇپ، خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ مۇستەملىكە مىللىي سىياسىتىنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا تۈزۈپ چىققان. يېڭىباشتىن ساختىلاشتۇرۇپ تۈزۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئويدۇرما تارىخىنى، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھەر دەرىجىلىك ئوتتۇرا ۋە ئالىي ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە، ئىلگىرىكى قىسمەن كېسىلگەن ۋە بۇرمىلانغان ئۇيغۇر تارىخىنىمۇ، كلاسسىك ئەدەبىياتىنىمۇ چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كىرگۈزمەكتە. بۇ مۇستەملىكىچى كۆچلەر تەرىپىدىن ئويدۇرۇلغان تارىخنى ئۆز تارىخى دەپ قوبۇل قىلىشقا دۇچار بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ چوڭ پاجىئەسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتور، مەزكۇر ئەسەردە ئۇيغۇرىستاننىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا، يەنى 1949 - يىلىدىن بېرى يۈز بەرگەن سىياسىي بوھرانلارغا ۋە باشقا ۋەقەلەرگە ئائىت ھەقىقەتنى ئوبيېكتىپ ۋە مۇپەسسەل ئانالىز ۋە تەھلىل قىلىپ، خەلقئارا ئىلمىي پىرىنسىپلار دائىرىسىدە سىستېمىلاشتۇرۇپ، ھازىرقى زامان سىياسىي مەدەنىيەت نەزەرىيىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇشنى ھەمدە خىتاي لىدېرلىرىنىڭ، خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ غەرەزلىك يېڭى مۇستەملىكە مىللىي سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى پاكىتلار بىلەن پاش قىلىشنى ئالىي مەقسەت قىلدى.

ئەسەردە، خىتاي سوتسىيالىزمىنىڭ ئۇيغۇر زېمىنىدىكى مىللەتمىزنى خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ مۇرەككەپ جەريانلىرىنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلۈش بەزىبىر ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. تەكىتلەيمەنكى، كوممۇنىستىك خىتاي تارىخى يەنى 1949 ـ يىلىدىن باشلانغان دەھشەتلىك خىتاي سوتسىيالىزمى تارىخىنى سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدېئولوگىيىسى دائىرىسىدە ئىدېئاللاشتۇرۇش ۋە قول ئاستىدىكى مۇستەملىكە مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى، ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى مەركەزنىڭ سىياسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن قەستەن بۇرمىلاپ، ساختىلاشتۇرۇپ شەرھلىمەكتە. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن گېئوسىياسىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە مەدەنىي سەۋەبلەرگە باغلىق ئاتالمىش «خىتاي سوتسىيالىزمى» دەۋرلىرىنى ئالاھىدە كۆرسىتىش، پەقەت سىياسىي، ئىدېئولوگىيىلىك نۇقتىئىنەزەردىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يەنە كېلىپ خىتاي سوتسىيالىزمى تۈزۈمىنىڭ تارىخى دۇنيا تارىخىنى XX ئەسىردىكى بۇرۇلۇشلۇق خاراكتېرغا ئىگە قىلغانلىق سۈپىتىدە شەرھلەش، دەۋرلەرگە بۆلۈشتەك نۇرغۇن ساختا، ئىلمىي بولمىغان «ئومۇمىيلىق»قا ئىگە قىلىنغان.

مۇئەللىپ ئىپتىدائىي دەۋر، ئوتتۇرا ئەسىرلەر دەۋرىنى خرونىكىلىق پەرقنى قاراشتا، ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرلار» (قەدىمكى زامانلاردىن تا ھازىرقى كۈنلەرگىچە بولغان ئېتنوسىياسىي تارىخ. ئالمۇتا، 2008 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرىدە، ئومۇمىي قوبۇل قىلىنغان قائىدىلەرگە، شۇنداقلا ئۇيغۇرىستاننى 1759 ـ يىلى تۇنجى قېتىم چىن خاندانلىقى ئىشغال قىلغاندىن بۇيان يۈز بەرگەن سىياسىي بوھران ۋە مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىنىڭ ماھىيىتىدىن كېلىپ چىققان تارىخىي يادرولۇق ۋەقەلەرگە ئەمەل قىلىشقا تىرىشقان ئىدى. لېكىن تامامەن روشەنكى، XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدىن تا ھازىرقى ۋاقىتقىچە بولغان ئۇيغۇرىستاندىكى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ جەريانى ۋە رېئاللىقى يا ياۋروپا، يا مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ، يا سوۋېت ئىتتىپاقى، يا رۇسىيە فېدېراتسىيىسى تارىخلىرىنىڭ خرونىكىلىق دائىرىسىگە توغرا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ ئۆز تارىخىنى ۋە قول ئاستىدىكى خەلقلەرنىڭ تارىخلىرىنى دەۋرلەشنى، شەرھلەشنى، ئىزاھلاشنى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ (خ ك پ) رەھبەرلىرى: ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ

ۋە جياڭ زېمىننىڭ ئاچكۆز ئارزۇلىرى، نەزەرىيەلىرى ۋە ئېتنىك خىتايپەرەس پائالىيەتلىرىگە مۇۋاپىق ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتىشى، شۇنداقلا ئىستىلاچى مەركەزنىڭ يەرلىك خەلقنىڭ تارىخىنى مەقسەتلىك سىياسىي ئىستراتېگىيىگە مۇناسىپ ساختىلاشتۇرۇشلىرى ھەم ئۇيغۇرىستاندا يۈز بەرگەن بارلىق سىياسىي، مەدەنىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەريانلارنىڭ تەشەببۇسكارى ۋە مەجبۇرلىغۇچىسى بېيجىڭ رەھبەرلىرى بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرىستانلىقلارنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي تارىخىنى يېڭىباشتىن قايتا - قايتا تەتقىق قىلىپ يېزىپ چىقىش - ئىنتايىن مۇھىم ئىلمىي، قانۇنىي، سىياسىي ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. مىڭ ئەپسۇسكى، 1949 - يىلى خىتايدا يېڭى دۆلەتچىلىكنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ مۇستەملىكە سىياسىتىگە مۇناسىۋەتەن، ئەسەردە بىز ئۇيغۇرىستاندىكى (شەرقىي تۈركىستاندىكى) ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي، ئىقتىسادىي ساھەلەردىكى ۋە مىللىي ئازادلىق ھەركەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ باش يولى بىلەن ئالاقىدار ھالدا قاراشقا مەجبۇر بولۇمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرىستاننىڭ 1949 - يىلدىن بۇيانقى گېئوسىياسىي ۋە مۇستەملىكە ئەھۋالى بىلەن، شۇنداقلا مىللىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن شەرتلەنگەن ھەمدە ئۆز مەنتىقىسىگە ۋە تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا ئىگە XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بۈگۈنكى كۈنگىچە بولغان دەۋردە يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ، سىياسىي بوھرانلارنىڭ زىددىيەتلىك تەرەققىيات جەريانىنىڭ مەلۇم قانۇنىيەتلىرىنى كۆرۈش ۋە ئايرىش ئۈچۈن، كوممۇنىستىك تۈزۈم ئىستىلاسىدىكى دەۋر، خىتاي ۋە خىتايپەرەس سىياسەتشۇناسلارنىڭ نەزەرىيەسىگە زىت كېلىدىغان، لېكىن ئۇيغۇرىستاندا مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارىي سادىر بولغان ھەل قىلغۇچ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەقەلەرگە ۋە ھەل قىلغۇچ كىشىلىك فاكتورلارغا ئاساسەن، شەرتلىك باسقۇچلارغا ئايرىلغان.

ئاپتور مەزكۇر مەسىلىدە تارىخىي جەريانلارنى ئىلمىي شەرھلەش ۋە سىياسىي تارىخ پەلسەپىسىنىڭ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش تەرەپدارى. ئەلۋەتتە مەزكۇر كىتابتا يېتىشمەسلىكلەر ۋە يورۇتۇلماي قالغان تەرەپلەر بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئاپتور ھېسسىياتقا بېرىلمەيدىغان، ئوبيېكتىپ تارىخچى ئالىملارنىڭ، سىياسەتشۇناسلارنىڭ، ئومۇمەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالاھىدە

كۆز قاراشلىرىنى، تەنقىدىي پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ.

بۇ كىتابتا 63 يىللىق خىتاي سوتسىيالىزمىنىڭ يېڭى مۇستەملىكە تارىخىنى ۋە مۇشۇ دەۋر ئىچىدىكى ئۇيغۇرىستاننى مەجبۇرىي سوتسىيالىزملاشتۇرۇش ۋە خىتايلاشتۇرۇش جەريانى تۆۋەندىكى دەۋرلەرگە شەرتلىك ھالدا ئاجرىتىلدى:

1. كوممۇنىست خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرىستاننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن، ئىشغال قىلغاندىن باشلاپ ئۇنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇش ۋە ئاپتونوم رايوننى قۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىش بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرغان ھەربىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي چارە - تەدبىرلەر دەۋرى (1949 - 1952 - يىللار)؛

2. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرىستان دېھقانلىرىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش، ئاتالمىش ئەكسىلئىنقىلابقا قارشى كۈرەش، مىللىي مەسىلە ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نى قۇرۇش بويىچە مۇستەملىكە چارە - تەدبىرلەر دەۋرى (1953 - 1956 - يىللار)؛

3. ماۋ زېدۇڭ ۋە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى: «پارتىيەدە ئىستىل تۈزىتىش» ئۈچۈن «ئوڭچىل بۇرژۇئا ئۇنسۇرلىرىغا قارشى كۈرەش» ۋە «ئۈچ قىزىل بايراق» تەقىبلەش مۇستەملىكە دەۋرى باشلىنىش ۋە ئۇيغۇرىستان يەرلىك ئاھالىسىنىڭ چەت ئەللەرگە ئاممىۋى تۈردە قېچىش دەۋرى (1961 - 1965 - يىللار)؛

5. ماۋ زېدۇڭ قوزغىغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»، ئاممىۋى تەقىبلەشلەرنى ۋە ئۇيغۇرىستانلىقلارنى خىتايلاشتۇرۇش جەريانىنى ئەۋج ئالدۇرۇش چارە - تەدبىرلەر دەۋرى (1966 - 1977 - يىللار)؛

6. دېڭ شياۋپىڭنىڭ «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» ۋە ئېتنىكىلىق خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرىستانغا ئاممىۋى تۈردە كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان چارە - تەدبىرلەر دەۋرى (1978 - 1989 - يىللار)؛

7. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئۇيغۇرىستاننى خىتايلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئۇنىڭ «غەربىي رايوننى ئېچىش» پروگراممىسى ئاستىدىكى يېڭى مۇستەملىكچى سىياستى ۋە زامانىۋى مىللىي

ئازادلىق ھەرىكەتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچ دەۋرى (بارىن قوراللىق قوزغىلىڭى، غۇلجا نامايىشى. 1990 ـ 2008 ـ يىللار):

8. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى جەبىر - زۇلۇملىرىنىڭ كۈچىيىشى، ئاتالمىش «ھالقىما تەرەققىيات» ۋە زامانىۋى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنىڭ باشلىنىش دەۋرى (2009 - يىلى 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى قانلىق قىرغىنچىلىقى. 2099 ـ 2012 ـ يىللار).

## چۈشەندۈرۈش

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيەسىدە مۇستەقىللىق جاكارلىغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، ئەسەردە قوللىنىشقا تىرىشقان ئۇيغۇر يېزىقى، لېكسىكىسى ۋە ئاتالغۇلىرى توغرۇلۇق قىسقا ئىزاھ. بىرىنچىدىن؛ ھازىر ئۇيغۇرىستاندا ۋە 20 دىن ئوشۇق دۆلەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئىچىدە، ئانا ۋەتەنىدە مۇكەممەل شەكىللەنگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، لېكسىكىسى ۋە ئىملاسى كۈچلۈك نوپۇزغا ئىگە. ئىككىنچىدىن؛ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى 1947 - يىلى ئۇيغۇرلارغا مەجبۇرەن تاڭغان 41 ھەرپتىن تەركىب تاپقان كىرىل يېزىقى، تىلىمىزنى قىسمەن بولسىمۇ رۇسلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىقتىن، تارىخىي يېزىقىمىزغا ۋە تەبىئىي تەلەپپۇزىمىزغا نالايىق ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە ئۇيغۇرىستاندىكى ۋەتەنداشلىرىمىز بىلەن مەركىزىي (ئوتتۇرا) ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا تىلدا ۋە يېزىقتا مەۋجۇت پەرقلەر، ئانا تىلىمىزنىڭ ھەر ئىككى تەرەپتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ يېقىنلىشىپ، بىرلىشىپ، ئورتاق يېزىق ۋە ئىملا قائىدىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئورنىغا، مىڭ ئەپسۇسكى، بىر مىللەتنىڭ تىلى سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلى بىر - بىرىدىن يىراقلاشتى. ئۈچىنچىدىن، بەختكە يارىشا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارقىلىپ كېتىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا تىكلەنگەن يېڭى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ، مەيلى جانلىق تىلدا بولسۇن، مەيلى ئەدەبىي تىلدا بولسۇن ھەم ئۇنىڭ كىرىل يېزىقىدىكى ئېلىپبەسىدە، ئىلمىي ئاساستا قوللىنىشقا ھاجەت بولمىغان رۇس ئېلىپبەسىدىكى توققۇز ھەرپنىڭ قوللىنىش مەجبۇرىيىتى ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كەتتى. ئەمما بۇ تەۋەدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خەلقنى ھەقىقەتكە قايتۇرۇشقا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان، قارار چىقىرىدىغان ئورگان مەۋجۇت ئەمەس. تۆتىنچىدىن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا رۇس تىلىدىن كىرگەن كۆپلىگەن ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى ئۇيغۇرىستاندىكى

قېرىنداشلىرىمىزغا چۈشىنىكسىز بولغانلىقتىن ئۇلارنى ئەمدى قوللىنىشنىڭ هاجىتى قالمىدى. ئەكسىچە، تېخى مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلمەي كېلىۋاتقان، لېكىن ئۇيغۇرىستانلىقلار قوللىنىدىغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىدىكى ئاتالغۇلارنى ھەمدە ئانا ۋەتەندە رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپا تىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن، ئەمما ئۇيغۇرىستاندا ئىلمىي ئۆزلەشتۇرۇلگەن تېرمىنلارنى ئەينەن، ئوخشاش قوللىنىش ۋەزىپىسى پەيدا بولدى. مەزكۇر ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئىملايىمىزدا، لېكسىكىمىزدا ۋە مەدەنىيىتىمىزدە بىر - بىرىمىزگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن، ئەسەردە كىرىل ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرنىڭ نامى، ئۇيغۇرىستاننىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدىكى 32 ھەرپلەر نامى بىلەن ئوخشاش بولسا پايدىلىنىلغان، ئارتۇق ۋە لازىم ئەمەس ھەرپلەر قالدۇرۇلغان ھالدا ۋە باشقا تىللاردىن كىرگەن ئاتالغۇلار ئۆزلەشتۇرۇلگەن تۈردە ئىشلىتىشكە ۋە قوبۇل قىلىنىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى.

ئاپتور ئۆز ئەمگىكىنى يېتەرلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن ۋە پايدىلىق مەسلىھەتلىرىنى بەرگەن بارلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا سەممىي مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

2012 - يىل، دېكابىر، ئالمۇتا.

«زوراۋان كۆچلەر تەرىپىدىن تۆپتىن بۇرمىلانغان تارىخنى ئۆز تارىخى دەپ قاراشقا مۇپتىلا بولغۇچىلار توغرىسىدا سۆز قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئېيتىش مۇمكىنكى، بۇ كەلگۈسى ئۈچۈن تارىخ يارىتىش ئىستىقبالىدىن مەھرۇم بولغان ۋە بىھوشلۇق ئۇيقۇسىدا ياتقان مىللەتنىڭ پاجىئەسىدۇر».

- ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن